# ئون نېمه



شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توختاشى بەكرى

# ئۇ نىمە؟

(شېئىرىي تېپىشماقلار)

مەسئۇل مۇھەررىرى: ياسىن ئىمىن

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

ئۇ نېمە؟

*

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى قۇرۇلۇش كوچىسى 9 - قورا)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى، 1092 × 787مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى، 3·125
1984 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1984 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى، MR10124·89
سانى: 1 —— 6,700
باھاسى: 22 پۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## ئاپتوردىن

ياش دوستلار، بىر چاغلاردا مەنمۇ سىلەردەك كىچىك ئىدىم. ھىكايە، چۆچەك، شېئىر، قوشاق، مەسەل، تېپىشماقلارغا ئامراق ئىدىم. ئەپسۇسكى، ماڭا چۆچەك - تېپىشماقلار ئېيتىپ بېرىدىغان مومام ياكى ئاپام يوق ئىدى. دادام بولسىمۇ يوقسۇلچىلىق ۋە ئاغرىق ئازاۋىدا بىر نىمە دەپ بېرىشكە رايى بارمايتتى، شۇڭا كوپىنچە كۈندۈزى كىشىلەر توپلاشقان يەرلەر بىلەن كەچتە نان ياققان تونۇر باشلىرىدا مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشنالىقىمنى ئاز - تولا باساتتى. كېيىنچە يېزا مەكتىۋىدە ئوقۇغان بولسامۇ، بۈگۈنكى سىلەردەك دەرستىن سىرت گېزىت - ژورناللاردىن پايدىلىنىش نەدە دەيسىلەر. كېيىنچە دادامۇ ئۆلۈپ كەتتى، يېتىملىق كوچىسىدىن بىزنى ئازاتلىققا ئېلىپ چىققان كوممۇنىستىك پارتىيىلا تارتىۋالدى. شەھەر مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ، مەرىپەت قۇچىقىدا يايراپ كەتتىم. كىتاپ دەمسىلەر، گېزىت دەمسىلەر، كىنو دەمسىلەر ئايھاي... قويۇۋېرىڭلار! چاكىلداپ كەتكەن تاڭلايلىرىمغا ھوزۇر بېغىشلاندى!. مەن دەرسلىرىمنى ياخشى ئوقۇپلا قالماي، گۈزەل ئەدەبىياتقا قىزغىن كىرىشىپ كەتتىم. ئوقۇدۇم، ئويلىدىم، يېزىشنى مەشق قىلدىم.

مانا بۈگۈنكى كۈندە، مەكتەپ، ئوقۇغۇچىلار تۇرمۇشى، قۇشلار، ھايۋانلار، ھاشارەتلەر، زىرائەتلەر،

مۆدلەر، كوكتاتلار، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى، ماشىنا-ئۇسكۇنىلەر، ئائىلە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى، تەبىئەت ھادىسىلىرى، ئادەم ئورگانىزىملىرى ۋە باشقىلاردىن بولۇپ بىرقانچە تېپىشماق ھەمدە ئىككى تېپىشماقلىق ئېيتىشىش يېزىپ سىلەرگە سۇنۇپ ئولتۇرۇپتىمەن.

تېپىشماقلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇن، بەزىلىرى قىسقا، بەزىلىرى يۈزە، بەزىلىرىنىڭ بولسا تىلى ئېغىر بولۇپ قالدى. بۇ جەھەتتە خىجىللىق ھېس قىلىمەن. قىزغىن تەنقىت ھەم مەسلىھەت بېرىشىڭلارنى تولىمۇ ئۈمىت قىلىمەن.

# 1

بارسام بارغىم كېلىدۇ،
كەلمەس زادى ئايرىلغىم.
قۇچاق ئېچىپ ئانامدەك،
كەل، كەل! — دەيدۇ ئارىلغىم.

قوزىچاقتەك، تايچاقتەك،
ياپرايدىغان ياپلىغىم.
ئاشار ئۇنىڭ قوينىدا،
ئەقىل - ئىدرەك، بايلىغىم.

ساۋاقداشلار توختالماي،
تېپىڭلار بۇ قانداق جاي؟

## 2

كەپتىرىم بار بەك ئوماق،
كورسەڭ قاردەك ئاپپاقتۇر.
ئامراقلىقىڭ كېلىدۇ،
قاناتلىرى قات-قاتتۇر.

بەزلەرنىڭ كەپتىرى،
تۈكلىرى يوق چاپاقتۇر.
بەلكىم بەخوت ئىگىسى،
دان بېرىشى چاتاقتۇر.

قېنى دوستلار ئالدىرىماي،
تېپىڭ بۇنى قالدۇرماي.

## 3

داستىخىنىم بار مېنىڭ،
ئىگە ئىسسىل ھېيكەمەتكە.
نىمە يەسەڭ كەم ئەمەس،
ئىچى تولغان نېمەتكە.



شۇنداقتىمۇ مۇھتاج ئۇ،
ئەجرىگە، مېھنەتكە.
قەدىرلىسەڭ ۋە سويسەڭ،
باي بولۇسەن خىسلەتكە.

قېنى دوستۇم سىز چاپسان
تېپىڭ قانداق داستىخان؟

## 4

تايچىغىم بار چىرايلىق،
قوۋۇرغىسى بىلىنمەس.
ئىشارەتكە مايىل ئۇ،
سۇ ئىچمەس، يا يەم يىمەس.

چۇلۇۋۇرى يوق، كونۇك ئۇ،
قويۇپ قويسام زېرىكمەس.
شىر-شىر قىلىپ پۇشقۇرۇپ،
قانچە چاپسام تېرلىمەس.

ساۋاقداشلار ئايلىناي،
تېپىڭلار بۇ قانداق تاي؟

www.uyghurkitap.com

## 5

ئانا دىسەڭ ئاناگۇدۇر،
مېھرىۋانىڭ پاناگۇدۇر.
ياكى ئاتاڭ، يا ئاكاڭ،
ياكى ھەدەڭ، تاغاڭدۇر.

بال تېمىتار ئاغزىڭغا،
سوزى ئىسىل تائامدۇر.
ئۇنى رەنجىتكەن كىشى،
ئەقىلسىزدۇر، ناداندۇر.

كىم بىلىدۇ، ئويلىغىن،
جاۋاپ بەرمەي قويمىغىن؟

## 6

سازاۋەردۇر ماختاشقا،
باش بارماقنىڭ ئىگىسى.
كورەگلەپمۇ كەتمەيدۇ،
كەمتەرلىكنىڭ ئىنىسى.



ئوقۇغانىنى، كورگەنىنى،
قويۇپ بەرمەس مېڭىسى.
مەكتىۋىدە ھازىر ئۇ،
مۇكاپاتنىڭ ئىگىسى.

قېنى دوستۇم ئويلىغىن،
سەنمۇ ئۇنى دورىغىن!

## 7

تارازىسى ئومۇرنىڭ،
قىممەتلىكتۇر ئىنسانغا.
ئەتىۋار ھەم كېرەكلىك،
تىرىشچانغا، ئىشچانغا.

ئاققان سۇ ئۇ، ئاتقان ئوق،
كېتىۋېرەر نىشانغا.
قەدىرلىمەي ئوتسەڭ سەن،
قالىسەن چوڭ پۇشمانغا.

شۇڭا ھورۇن بولمىغىن،
بۇنى تاپماي قويمىغىن؟

## 8

كىچىككىنە پىندەك بار،
قولى بىلەن پۇتى يوق.
تېگىپ قويساڭ سەكرەيدۇ،
شۇنچە تېتىك، شۇنچە شوخ.

قىلىقلىرى بەك تاتلىق،
قوزغار دىلدا ھەۋەس-زوق.
جەڭ مەيدانى ئۈستەلدۇر،
ئۆزى گويا ئۇچار ئوق.

بەكمۇ ئوڭاي ئوينىساڭ،
مۇكاپات بار تېز تاپساڭ!

## 9

بىر دوستۇم بار ھەر كۈنى،
گىرە سالار بويىنۇمغا.
ھەم يىپتەكلەر ئىلگىرى،
نۇرلار چېچىپ يولۇمغا.



پۈرىغاندەك سېزىلەر —
قىزىلگۈلدەك بۇرنۇمغا.
چىن سادىقمەن، ئامراقمەن،
سەپەرداش شۇ دوستۇمغا.

قانداق دوست ئۇ مېھرىۋان،
جاۋاپ بەرگىن قەدىردان؟

## 10

سىرتى رەڭلىك، سىرلانغان،
توت بۇرجەكلىك ئۆزۈنچاق.
ئېچىلار ھەم يېپىلار،
دەپ قالمىغىن ئويۇنچاق.

قېرىنداش ھەم ئۇچۇرگۇچ،
ياتار ئۇندا خاتىرجەم.
خىزمەت قىلار ئاسىرىغان —
دوستلار ئۈچۈن ھەمىشەم.

بار سەندىمۇ مېنىڭچە،
ئىسمى نىمە ئويغۇرچە؟

www.uyghurkitap.com

11

ئۇچار كوكتە غارقىراپ،
كۈن نۇرىدا پارقىراپ.
كىچىك ئىنى - سىڭىللار،
كورسە يۈگۈرۈر ۋارقىراپ:

كېتىپ قالار ئالدىراش،
يېرىپ بۇلۇت كوكسىنى.
بۇركۇتلەرچە ئالار ئۇ،
گېزى كەلسە „تولكە“ نى.

جاۋاپ بېرىڭ نىمە بۇ،
كوكتە ئۇچقان قۇشمۇ ئۇ.

12

پىلدىرلايدۇ قۇلىغى،
شىلدىرلايدۇ قۇيرۇغى.
ئىگىز ئۇچار، پەس ئۇچار،
شامال ئۇنىڭ ئوزۇغى.



كېتەلمەيدۇ ئوزاققا،
چۈنكى تىزگىن قولۇمدا.
ئۇچۇپ كېلەر گاھ دىسەم،
ماڭسام، ماڭار يولۇمدا.

قېنى دوستۇم ئويلاپ تاپ،
تېپىشماققا خاس جاۋاپ.

13

باھار كەلسە سايرايدۇ،
بۇلبۇل، كاككۇك، بوز تورغاي.
دىخان ئاكام قولىدا،
پارقىرايدۇ تولۇن ئاي.

تولۇن ئايدۇر دىخاننىڭ،
بىر ئومۇرلىك ئامرىغى.
ئۇنىڭ بىلەن تاتلىقتۇر،
ئىش - ئەمگەكنىڭ قايمىغى.

دوستۇم سەندىن مەن سوراي،
ئۇ قانداقچە تولۇن ئاي؟

14

گىرە - گىرە تاپىنى،
قىزىل - يېشىل چاپىنى.
ماي بىلەن سۇ خالايدۇ،
ئۇنىڭ گاڭ ئاشقازىنى.

رېتىملىق شات سايرايدۇ،
ئۆزى يۇۋاش جانىۋار.
يۈز ئۆكۈزنىڭ ئىشىنى،
بىر سوتكىدا ئارتقۇرار.

دوستۇم يېقىن كەلگىنچۇ،
بۇنى ئېيتىپ بەرگىنچۇ!

15

يېڭى چىققان ئاي ئوخشاش،
ۋال - ۋۇل قىلار قولۇڭدا.
ئېتىزلارنىڭ چاچلىرى،
چۈشۈرۈلەر ئۇنىڭدا.



سىرداش دوستۇم دەيدىكەن،
ئەتىۋارلاپ دىخانلار.
جەم بولماسكەن ئۇنىڭسىز،
خامانغا دان ئالتۇنلار.

نېمە ئەسۋاپ بىلەمسەن؟
ئىشلىتىشنى خالامسەن؟

16

كېرىپ يوغان مەيدىنى،
كوزلەپ ئېتىز، سەھنىنى.
يېتىپ كەلدى بىر سايمان،
مەپتۇن قىلىپ ھەممىنى.

ئۇسۇل ئويناپ بۇغدايلار،
ئاڭا تازىم قىلىشتى.
ئوغاق، ئارا، تۇلۇقلار،
دەرھال ئورۇن بېرىشتى.

ئورۇپ، تېپىپ ھەم سورۇپ،
داننى قاپقا سېلىشتى.
بۇرۇت تولغاپ دىخانلار،
جانلىق خامان دېيىشتى.

www.uyghurkitap.com

بۇ نېمە دۇر دېسەڭىز،
ئويلاپ جاۋاپ بەرسەڭىز.

17

باش باھارنىڭ ئەلچىسى،
قوشاقچىسى، كۈيچىسى.
ئىش - ئەمگەكنىڭ، چېلىشنىڭ،
نەغمىچىسى، تويچىسى.

ئەگەردە ئۇ خالىسا،
بۇلبۇلمۇ بولالايدۇ.
ئاغزىدا ھەم بىر ئەپلىك،
قوشچىنى دورالايدۇ.

تايچاق دەيسەن كىشنىسە،
گاھ مەرىسە قوزىچاق.
بىراق كىچىك قۇشتۇر ئۇ،
ئىسمى نېمە ئويلاپ باق؟



18

ئىگىز ئۇچار، رەت ئۇچار،
ئىنتىزاملىق ئەسكەردەك.
بىرخىل تاۋۇش چىقىرار،
بىر، ئىككى، ئۈچ دېگەندەك.

گوياكى ئۇ قاناتلىق،
ئاغامچىسى ئاسماننىڭ.
قاناتلىنار تۈيغۇسى،
بۇنى كورگەن دىخاننىڭ.

دېمەك ئاشۇ مەزگىلچان،
قايسى قۇش ئۇ تەشكىلچان؟

19

قىزىل گۈلنىڭ ئاشىقى،
خۇمارى ساز - ناخشىنىڭ.
باشمالتاقتەك لېكىن ئۇ،
ئىگىسى گۈل - باغچىنىڭ.

ئۇ بار يەردە ئىش قايناق،
ياقار دىلغا ئىشتىياق.
مەغرۇر، جۇشقۇن ئاۋازى،
ئاڭا ھەممە بەك ئامراق.

ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسى،
ھېسسىيات - ئىلھام بۇلىقى.
ئۇ قانداق جان دوستلۇرۇم،
نام - نىشانى تۇرلۇغى.

20

سايراشلىرى بەك مۇڭلۇق،
كېتەر دىلنى ئازاپلاپ.
سايرار ئۇچۇپ يۈرۈپمۇ،
ھەتتا كۆلەر قاقاقلاپ.

كۆلكىسىنىڭ، كۈيىنىڭ،
سىرى باردەك قىلىدۇ.
كورۇنۇشى پاختەكتەك،
ئىسمىنى كىم بىلىدۇ؟



21

سەھەر سالقىن شامالدا،
ئورلەپ، پەسلەپ پىرىلدار.
ئىش قىزىتساڭ، بېشىڭدا -
زىل ئاۋازدا چىرىلدار.

بوز دالادۇر ماكانى،
پەرۋانىسى دېخانىنىڭ.
زېھنى خېلى ئوتكۇردۇر،
بۇنى دەرھال تاپقانىڭ.

22

بېدىلىگۇ - بۇغدايلىق،
ناخشا ئېيتار سەھنىسى.
ياز كەلگەندە تېخىمۇ،
قىزىپ كېتەر بەزمىسى.

ماڭساڭ ئېتىز ئارىلاپ،
«كۇر» قىلىپ ئۇچار قېشىڭدىن.
چوچۇمەستىن قالمايسەن،
سۇ قويغاندەك بېشىڭدىن.

گوشى بەكمۇ تاتلىقتۇر،
ئۇ قۇش نىمە ئاتلىقتۇر؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 23

ئاپپاق - قارا لاتىدىن،
قۇراق - قۇراق كوينىگى.
قاراقچىلىق - چۇمپەنلىك،
ئۇنىڭ ئىسپىلاس ھۈنىرى.

شاقاق - شاقاق ئاۋازى،
ساپايىنى ئەسلىتەر.
چىرقىرىتىپ چوجىنى،
ئاسمان بويلاپ ئىسىپ كېتەر.

ئۇ بار يەردە ئۇۋىدا،
تۇخۇملارمۇ تۇرمايدۇ.
«سۇتتىن ئاقمەن» دەپ تېخى،
كاززاپلارچە تۇۋلايدۇ.

قانداق قۇش ئۇ قان ئىچەر،
ساۋاقداشىم جاۋاپ بەر؟



## 24

كىچىك، چاققان مەردانە،
بارچە قۇشنىڭ سەردارى.
جەڭ قىلىدۇ ھاۋادا،
كوكرىگىدە مادارى.

كورسە قاغا - قۇزغۇنلار،
جانىنىڭ غېمىگە چۈشەر.
شۇڭا ھەر يان تىپىرلاپ،
قېچىپ تاملارغا ئۇسەر.

غەنىمەتنى ئېلىپ كېتەر،
چۇشۇرمەستىن يەرگە ئۇ.
تاپىنى چوقۇپ ئولتۇرماس،
قانداق باتۇر قۇشتۇر بۇ؟

## 25

كوزى بوكتە ئېتىلگەن،
تۇمشۇقلىرى ئېگىلگەن.
تۇرار مەغرۇر، مەردانە،
تىرناقلىرى كېرىلگەن.

23

ئاپپاق - قارا لاتىدىن،
قۇراق - قۇراق كوينىگى.
قاراقچىلىق - چۇمپەنلىك،
ئۇنىڭ ئىسپلاس ھۇنىرى.

شاقاق - شاقاق ئاۋازى،
ساپايىنى ئەسلىتەر.
چىرقىرتىپ چوجىنى،
ئاسمان بويلاپ ئىپ كېتەر.

ئۇ بار يەردە ئۇۋۇدا،
تۇخۇملارمۇ تۇرمايدۇ.
«سۇتتىن ئاقمەن» دەپ تېخى،
كاززاپلارچە توۋلايدۇ.

قانداق قۇش ئۇ قان ئىچەر،
ساۋاقداشىم جاۋاپ بەر؟



24

كىچىك، چاققان مەرداند،
بارچە قۇشنىڭ سەردارى.
جەڭ قىلىدۇ ھاۋادا،
كوكرىگىدە مادارى.

كورسە قاغا - قۇزغۇنلار،
جانىنىڭ غېمىگە چۇشەر.
شۇڭا ھەر يان تىپىرلاپ،
قېچىپ تاملارغا ئۇسەر.

غەنىمەتنى ئېلىپ كېتەر،
چۇشۇرمەستىن يەرگە ئۇ.
تاپىنى چوقۇپ ئولتۇرماس،
قانداق باتۇر قۇشتۇر بۇ؟

25

كوزى بوكتە ئېتىلگەن،
تۇمشۇقلىرى ئېگىلگەن.
تۇرار مەغرۇر، مەردانە،
تىرناقلىرى كېرىلگەن.

ئۆزى ھەيۋەت قارامدۇر،
گوشلا ئاگا تائامدۇر.
تۈلكە، جەرەن ئوۋلاشتا،
ئالغۇر، شۇنچە پالۋاندۇر.

كۆچى تولا پۇتىدا،
پۈكلەپ باسار يىرتقۇچنى.
باقار فەيسەر چۇپانلار،
كورگەنمۇ سىز شۇ قۇشنى؟

26

قانات قاقار لەپىلدەپ،
كوكتە تۇرۇپ يەم ئىزلەپ.
يوتىكىلەر ھەم دەممۇ دەم،
كولچەكلەرگە دىۋەيلەپ.

قويار ئەنسىز چىرقىراپ،
ئالالماستىن پاقىمۇ.
جۇرئىتى يوق بىر جانكى،
دوستۇم قېنى تاپقىنچۇ؟



27

ھو - ھۇلايدۇ ئۇخلىماي.
ئەسكى تامدا، جاڭگالدا.
شۇملۇق تىلەپ ئوتەر ھەم،
گورۇستاندا، ئارماندا.

دەيدۇ ئۇنى كىشىلەر،
مەستانىسى تۈنلەرنىڭ.
قارغىشچىسى ھەمدە ئۇ،
پارلاق گۈزەل كۈنلەرنىڭ.

شۇڭا بولدى سىمۋول،
«توت زىيانداش» ئاپەتكە.
بەرمەيلى جاي گۈلزاردىن،
شۇم قۇشلارغا ئەبەتكە.

تەرىپىنى يازدىم مەن،
ئىسمىنى ئېيت، دوستۇم سەن؟

## 28

ئۆزى قارا مەخلۇقتۇر،
قونمايدىغان يېرى يوق.
يازدا مەڭلاپ كوپىيەر،
قىشتا بولسا جېنى يوق.

پۇتى بىلەن توشۇيدۇ،
مىكروپ بىلەن مەينەتنى.
پالاق ئالسە قولۇڭغا،
يوللا ئاڭا ئەجەلنى.

رەزىل شۇنچە ھەم بىزەڭ،
ئېيتقىن دوستۇم، سەن بىلسەڭ؟

## 29

تۇرۇلۇپ چوپ-سازلىقتىن،
ئۇچۇپ كېلەر غىڭىلدار.
قىلتىرىقتەك نەشتىرى،
چاقسا تېنىڭ چىمىلدار.



بايقىمساڭ قېنىڭنى،
شورىۋالار تويغىچە.
قېچىپ كېتەر ۋۇجۇدىڭدە،
شاپىلاقتا ئۇرغىچە.

سەل چاغلىما ساۋاقداش،
ئۇ تارقىتار بەزگەكنى.
دورا چېچىپ، ئوت ئېچىپ،
يوقات ئۇ شۇم ئەبلەخنى.

تونۇمسەن شۇ دۈشمەننى،
ئىنسانلارغا ئۆچمەننى؟

## 30

پۇتى ئالتە ئەۋرىگەي،
يۈرەر يەردە سەزدۈرمەي.
رەڭگى قۇرۇق داڭگالدەك،
تۇتۇپ قويما مەنسىتمەي.

چېقىۋالار چايانىدەك،
زەھىرى يامان يىلاندەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

31

كورۇنمەيدۇ پۇتلىرى،
چوپلۇكتە ئات يېتەلمەس.
توپىلاڭدا ئىغاڭلاپ،
قېچىشقىمۇ ئۇلگۈرمەس.

ئەۋرىشىم قىلىچ دەيسەن،
سۇنى يېرىپ ماڭغاندا.
زەھەر تامار ئاغزىدىن،
جان ساق قالماس چاققاندا.

بۇ قانداقچە زىياندااش،
ئويلاپ تاپقىن ساۋاقداش؟

32

ئاندا - ساندا ئۇچرايدۇ،
كونا مىلىق ئوۋۇسى.
تۇتالمايسەن دەرھاللا،
تىكەنلىكتۇر جۇۋىسى.



چىشلىۋېلىپ يىلاننى،
يېتىۋالار تۈگۈلۈپ.
كورەر شۇندا يىلانباي،
كورمىگەننى تورۇلۇپ ...

تىكەنلىرى خەنجەردەك،
ھالاك قىلار يىلاننى،
كورگەنمۇ سىز ئاشۇنداق،
جاسارەتلىك پالۋاننى.

33

قولى بارۇ، پۇتى بار،
سازلىقلاردا ئويى بار.
باش باھاردا بەس - بەستە،
ئېيتىپ پۇتمەس كۈيى بار.

بۇلاقلارنىڭ يۈزىگە،
رېشىلىيە ياپىدۇ.
يەود چىقىرىپ تىنىمدىن،
سۈزۈك سۇغا قاتىدۇ.

پايدىسى بار ئىنسانغا،
ساڭغىلماس بۇغدىيەك.
سۈرۈشتۈرسەم تېۋىپتىن،
جىق كېسەلگە دورىدەك.

ئەسلەپ يۈرگەن جايىمنى،
ئېيتىپ بېردىڭ نامىنى.

34

يۈگۈرگىنى يۈگۈرگەن،
بۇلۇڭلاردىن بۇلۇڭغا.
زىيىنى كۆپ زىيانداش،
سەل قارىما ئۇنىڭغا.

تېشىپ چىقار ئاستىدىن،
نەدە بولسا ئاشلىغىڭ.
غاجىلايدۇ نېنىڭنى،
بۇلغىنىدۇ تامىغىڭ.

بىلسەڭ ئەگەر تاپقاندا،
يوقات مۈشۈك، قاپقاندا.



35

بىر مەخلۇق بار قىلىغى،
قىزىقارلىق، رەتلىكتۇر.
تاماق ئىچىپ بولغاندا،
يۈز يۇيۇشى ئەپلىكتۇر.

يۈز يۇيۇشتا تىلىدا،
ھول قىلىدۇ ئالقىنىنى.
سۈرتەر ئاندىن يۈزىنى،
كۆرگەنمۇ سىز بۇ ھالىنى.

ئىچەر تاماق ھەر دائىم،
شىرەگىزنىڭ ئاستىدا.
كۆزى ئۆتكۈر تۈنلەردە،
كۆزەتچىلىك ۋاقتىدا.

پايلاقچى ئۇ چاشقانغا،
رەھمەت دەيمەن تاپقانغا!

36

كورسەڭ خۇددى چېكەتكە،
ئىككى پۇتى ھەيۋەتلىك.
سادىق دوستتۇر قالغاچقا،
جىددى پەيتتە كېرەكلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بالىسىنى قالغاچنىڭ،
يىمەك بولسا شۇم ئىلان.
جان دوستىنى قالغاچ،
تېپىپ كېلەر شۇ ھامان.

قاراۋۇللۇق قىلىدۇ،
رۇسلاپ ئىككى پۇتىنى.
قۇيار ئىلان كۆزىنى،
بەتلەپ غەزەپ ئوقىنى.

خاسىيەتلىك قاناداق جان،
لازىم ئاكا قانداق نام؟

37

گۈلگە قونسا گۈل دەيسەن،
زەر تالىقاندىن قانىتى.
گۈلدىن - گۈلگە قونماقلىق،
ئۇنىڭ خىسلەت ئادىتى.

ئەنتەنىلىك يازلارنىڭ،
ئەركىسىگە تويمايدۇ.
ئۇنى كورگەن بالىلار،
تۇتسام دەيدۇ، قوغلايدۇ.



گۈل دەي دىسەك پۇراقسىز،
قانداق جان ئۇ تۇراقسىز؟

38

يېشىل، سېرىق، رەڭگا - رەڭ،
خۇددى ئوتنىڭ ئۇچقۇنى.
يېقىلغاندا لامپىلار،
باشلىنىدۇ ئويۇنى.

ئوتقا ئامراق، ئاشىقتۇر،
ئىشقىنىڭ يوق ئولچىمى.
ئەرزىمەس جان بولسىمۇ،
مەردانىدۇر ئولۇمى.

ئوتقا ئاشىق سەرسانە،
قانداق جان ئۇ مەردانە؟

39

بېلى زەپمۇ ئىنچىكە،
قىمىر - قىمىر ھەركەتلىك.
ئەتىيازدىن كۆزگىچە،
ئىشى ئىشلەر بەركەتلىك.

يەر ئاستىدا ئۆيلىرى،
ئېشىك ئالدى تاغ - داۋان.
بوش ئۆتكۈزمەس ۋاقىتنى،
دائىم ئىشقا ئالدىرىغان.

غەيرى كۈچىنىڭ ئالدىدا،
ئىجتىھاتلىق، ئۈمەكلىك.
چېكە تىكە - يۇ، دانلارنى،
ئېلىپ كېلەر بەك ئەپلىك.

تىرىشچانلىقى، ئىشچانلىقى،
سەۋولى، ئۈلگىسى.
مىڭلاپ - مىڭلاپ ياشايدۇ،
قۇرۇق يەردە ئۈگىسى.

قارا - قىزىل كىچىك تەن،
ئۈچ تال قىچا گەۋدىسى.
تېپىڭلار ئۇ قانداق جان،
تۇتساڭ تەييار زەربىسى؟

40

يال - يال تونلۇق جانىۋار،
قۇلاقلىرى شىڭگىتايغان.
كەمشۈك يېرىق كالپۇكى،
بۇرۇتلىرى دىڭگايغان.



دۈزى ۋال - ۋۇل ئوت مونچاق،
ئوزى بەكمۇ قورقۇنچاق.
ئات يەتكۈزمەس دالىدا،
قوۋقاس سېلىپ قوغلىساق.

خالىدا ئۇ بەك شېتىل،
ئۇسۇل ئوينار خىلمۇ - خىل.
توشمايدىغان چارەككە،
قۇيرۇغى بار بەك ئىسىل.

ساۋاقداشلار تېپىڭلار،
نامىنى ھەم ئېيتىڭلار.

41

قوي - قوزىنى ئوۋلايدۇ،
ئاچ قالسا سەت ھۇۋلايدۇ.
يانىدۇ ئوت كۆزىدىن،
قان ئىچىدۇ، تويمايدۇ.

قاراقچىلىق، قاتىللىق،
شۇمپەيلىكتە داڭقى بار.
چارۋىچىلار ئاغزىدا،
يىرگىنىشلىك نامى بار.

www.uyghurkitap.com

قاپقان ئۇنىڭ جاجىسى،
بەش ئاتاردۇر ئاكىسى.
كىم يوقاتسا بار ئاتا،
مۇكاپات، ئەل ئالقىشى.

ئېيتقىن بىلسەڭ ئىسمىنى،
كورسەڭ سۇندۇر چىشىنى.

42

تۇمشۇغى سەل ئۇزۇنچاق،
قۇيرۇغى تەڭ ئۇزىگە.
قۇيرۇق يوغان بولمىسا،
ئوخشاپ كېتەر بورىگە.

بارچە ھايۋان ئىچىدە،
مىجەز - خۇلقى ئوزگىدۇر.
قۇۋلۇق - شۇملۇق بابىدا،
ساختىپەزگە ئۇلگىدۇر.

تۇمشۇغىدىن ئىلىنار،
بولسىمۇ گەر ھىلىسى.
دۇشمەن بولار ئۇزىگە،
يال - يال ئىسىل تېرىسى.



ماكانى تاغ ئورمانلىق،
يادالڭ، ئوڭگۈر، جاڭگاللىق.

43

ئەگرى - بۈگرى بويىنى بار،
يېتەر ئىگىز شاخقىمۇ.
دۈمبىسىدە گوش ئىگەر،
چۈشمەس يۈكى چاپسىمۇ.

يەتمەس يەرگە قۇيرۇغى،
ئورە تۇرماق، ياتسىمۇ.
ئېلىپ كېتەر تېز پۇكمەي،
ھەسسىلەپ يۈك ئارتسىمۇ.

شۇڭا ئۇنى كىشىلەر،
چول كېمىسى ئاتايدۇ.
ئۇسسىز قالسا سوتكىلاپ،
ھالسىرماستىن قاتنايدۇ.

ئوزى ئىگىز ھەيۋەتلىك،
قانداق ھايۋان غەيرەتلىك؟

44

چىچى تال - تال تالادۇر،
ئۆيى يايلاق - دالادۇر.
مىنسەك ئۇچار شامالدەك،
تاغ - داۋانلار ئاشادۇر.

چەكدە، ئىشتا، بەيگىدە،
قول - قاناتۇ ھەم ئاياق.
چوپانلارنىڭ جان دوستى،
بەھۇدە يەمەس تاياق.

ئۆزى چېچەن، زېرەكتۇر،
بارچە ئىشتا كېرەكتۇر.

45

يۇۋاش، ئوماق جانىۋار،
پارچە ئالتۇن نامى بار.
گوشى تەملىك، قۇۋۇۋەتلىك،
ماي، سۈتىنىڭ داڭقى بار.

سارجا، سوكنا رەخت بولار،
مەيىن، بۇدرە كوينەگى.
ئەلا سۈپەت ئوغۇتتۇر،
مايىقى ۋە سۈيدۈگى.



46

دومەن، مىسكىن جانىۋار،
پەستۇر ئۈنىڭ گەجگىسى.
بوزەك بولماس بورىگە،
بېشىدا بار نەيزىسى.

ئىنسانلارغا بېرەر ئۇ،
گوش، قايماغۇ، سېرىقماي.
رازى قىلار باقسا ھەم،
يەم - خەشەكتىن ئايىماي.

يوقتۇر ئەسلا ھىلىسى،
خورۇم بولار تېرىسى.

47

كۆچى ئاتتىن قالمايدۇ،
ئىشتا ئارقا يانمايدۇ.
نىمە بەرسەڭ شۇنى يەپ،
ھامان ئالغا چامدايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى،
ئات، كالا ھەم ئىشەكتۇر.
ئۆزى نەسىل بىرەلمەس،
نەسىل بەرسە ھالاكتۇر.

ئىرادىلىك، نەسىلسىز،
قايسى ئۇلاق بىلەمسىز؟

48

زىرائەتنىڭ گۆزىلى،
نىمەتلەرنىڭ ئەۋزىلى.
ئۇنى كۆيلەپ دىخاننىڭ،
پۈتمەس ناخشا - غەزىلى.

يېتىلەر ئۇ تەر بىلەن،
قۇچاقلىشىپ يەر بىلەن.
مۇرات تاپار ئۇ گۆزەل،
دىخاندەك پاك ئەر بىلەن.

كىرپىكلىرى نەشتەردەك،
قۇلاقلىرى خەنجەردەك.
كۈلسە ئالتۇن چىشلىرى،
چاقناپ كېتەر مەرمەردەك.



مېھرى ئاتەش، ئۇنىڭغا —
كويمەيدىغان ئىنسان يوق.
ئۇ بولمىسا ئىنسانغا،
ياشايدىغان ئىمكان يوق.

خاسىيەتتە تەڭداشسىز،
تېپىڭ نىمە سەپداش سىز.

49

مەلىكىسى ئېتىزنىڭ،
پوپۇك تاجى بېشىدا.
قانىتى كوپ، كېرىلگەن،
تەگپۈك ئىككى يېقىدا.

ئالتۇن قوچاق تۇتقاندەك،
گويا ھەر بىر مەلىكە.
توي تارتىشىپ ماڭغاندەك،
ھەتتا بايرام، سەيلىگە.

قىزىنغى ھەر قوچاقنىڭ،
باردۇر زەرلىك ساقىلى.
بۇ دانلىق بىر زىرائەت،
قېنى دوستلار تاپايلى؟

50

چېچەكى - يەي چېچەكى،
سوسۇن رەڭلىك چېچەكى.
ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق،
ئېتىزلارنىڭ ئېتىكى.

يېتىلگەندە دانلىرى،
غىلدىرلايدۇ ئالقاندا.
ئىسىل شەرۋەت چىقىدۇ،
زاۋۇتلاردا تارتقاندا.

يەپ قويارمىش شەيتانمۇ،
ئۇ قېتىلغان توپىنى.
ياشا دەيمەن، داڭلايمەن،
بۇنى تاپقان ئۆكتىنى!

51

ئىسسىق ياققا ماسلاشقان،
بويى پاكار باراقسان.
ئاپپاق ماموق گۈللىرى،
شاخ - شېخىغا ياراشقان.



تويى بولار كۈزلۈگى،
قىزلار يىغار ئېتەككە.
ئايلاندۇرار فابرىكا،
ئۇنى رەڭدار رەختلەرگە.

ئاڭا مۇھتاج بارچىمىز،
ئۇ بىلەن ئەل غۇرۇرلۇق.
ئۇ كام بولسا تۇرمۇشمۇ،
بولماس ئەسلا ھۇزۇرلۇق.

بەس - بەس بىلەن تاپارسىز،
قوشاقچىمۇ قاتارسىز.

52

كوكۇلىسى تالادا،
يەردە ئالتۇن قوزۇقتۇر.
توككەن تەرنىڭ مېۋىسى،
يەمسەڭ تاتلىق سۇلۇقتۇر.

پادىشاسى تاماقنىڭ،
ئۇنىڭ بىلەن سۆلەتلىك.
قانداق كوكتات شۇنچىلا،
ئەل ئىچىدە ھۆرمەتلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

53

قەۋەت - قەۋەت چاپانلىق،
گىرە - گىرە قالقانلىق.
ئۆزى سەيدۇر يېيىشلىك،
ۋىتامىنلىق، تائاملىق.

ئاڭا لايىق نام بولار،
كوكات پوگزەك دېسەڭلار.
ئەڭ ياخشىسى ئىسمىنى،
ئېيتەڭلارچۇ بىلسەڭلار.¹

54

قىزىل، سېرىق رەڭگى بار،
ئۆزگىچە بىر تەمى بار.
تاماق بەتتام ئۇنىڭسىز،
كاتتا داڭقى، شەنى بار.

ئىشتىھالىق بولىدۇ،
لەغمەن - ئۇگرە ئۇنىڭدا.
قىزىل مىلىق دەيدىكەن،
ئۇيغۇر تىلىدا بۇرۇندا.²



خام يېيىشكە بولىدۇ -
قىزىلىنى سېپىدىن.
ئېيتىپ بېقىڭ نامىنى،
بۇ سەي ئەسلى نېمىكەن؟

55

يەرنىڭ قۇيرۇق يېغىدۇر،
كوكات ئۇنىڭ يېغىدۇر.
كېرەك ئۇگرە، شورپىغا،
ئۆزگىسىدىن نېرىدۇر.

دورىلىقتا ھەممە تىلىك،
مېھرىگىيا دەۋرىلىك.
چاتاق بولسا ئۆپكىدە،
ئىلغىماستىن يەۋېرىڭ.

ئۇكام سىزمۇ يېگەنسىز،
تەمىنىمۇ بىلگەنسىز؟

بەستى مەزمۇت چىناردەك،
پۇراقلىرى ئىپاردەك.
رەڭدارلىقى ئاق - سېرىق،
ھەتتا قىزىل ئاناردەك.

ياپىراق ئارا يالتىرار،
كوك ئاسمانىنىڭ كوزىدەك.
كورۇنۇشى، سويۈملۈك —
ئەمگەكچىنىڭ يۈزىدەك.

داڭلىق يۇرتى سانىلار،
گۈزەل ئىلى باغلىرى.
توققۇزتارا، تېكەسلەر،
ھەممە موخۇر تاغلىرى.

بۇ يۇرتلارنى باھاردا،
قاپلار چېچەك تۇمانى.
كۆزدە كەلسەك باغلاردا،
ياتار ھوسۇل خامانى.

بىلسەڭ باغۋەن تاغاڭنىڭ،
مېھنىتى بۇ، تەرى بۇ.
يەسەڭ چىقار خۇمارىڭ،
ئېيتقىن قايسى مېۋە بۇ.





مېۋەزارلىق ئىچىدە،
مەغرۇر، ئىگىز بويى بار.
مېۋىسىمۇ چۇرۇكتۇر،
شېرىن تاتلىق سۈيى بار.

يېتىلگەندە كورسەڭىز،
مىس قوڭغۇراق چاغلايسىز.
گەر يېسەڭىز تەمىنى،
ياخشىكەن دەپ داڭلايسىز.

كورلا، غۇلجا، سۈيدۈڭ دەپ
ئۇنىڭ قۇتلۇق يۇرتى بار.
باغۋەنلىرى چېۋەردۇر،
يېڭى سەرخىل سورتى بار.

ياشنىتىدۇ يۇرەكنى،
دورا بولار كېسەلگە.
ئۇ مېۋىلەر سۇلتانى،
تەڭلىشىدۇ ھەسەلگە.

ئەتىۋارى بولەكچە،
قانداق مېۋە ئېيتىڭلار.
باش باھاردا سىلەرمۇ،
بېغىڭلارغا تىكىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

58

پىشقان چاغدا، كورسەك باغدا،
باغنىڭ ئالتۇن تاجى دەيسەن.
تاڭلىيىڭدا سىردىق مايدەك،
ئېرىپ كېتەر قانماي يەيسەن.

شەربەتىگە، شىرنىسىگە،
قايىل بولماس كىشى يوقتۇر.
مېغىزىمۇ جىگدەك ئوخشاش،
يېسەڭ ھوزۇر، ئوزۇقلۇقتۇر.

كەھرىۋادەك ھەر دانىسى،
مېۋىلەرنىڭ بۇ قايسىسى؟

59

ھال ۋە توق چىچەكلىرى،
ئامراق ھەسەل ھەرىلىرى.
شاخلىرىنى ئېگەر يەرگە،
يېتىلگەندە مېۋىلىرى.



ئۈزۈۋالساڭ بىخ جايىدىن،
ۋىللىدە قىلىپ چىقار سۈيى.
بۇ ھال بوۋاق كۈلكىسىدەك،
سالار دىلغا شاتلىق كۈيى.

پوستى ئۇنىڭ قەغەزچىلىك،
لەززىتىدىن يايرار جىنىڭ.
تامشىغانىدا چاپلىشىدۇ،
لەۋلىرىڭگە ھەتتا تىلىڭ.

ئىشتىن يېنىپ كەلسەڭ ھېرىپ،
شاخلار ساڭا سۇنار شەرۋەت.
شۇ خىل يېتىشتۈرگەن،
باغۋەنگە مىڭ دەيسەن رەھمەت.

بۇ مېۋىنى يىگەنمىدىڭ؟
يېسەڭ نىمە بىلگەنمىدىڭ؟

60

شېھىتلارنىڭ قانلىرىدەك،
گۈلى قىزىل، پوستى قىزىل.
ئىچ باغرىنى يېرىپ كىرسەڭ،
ئۇندىن چىقار دېنى قىزىل.

تېتىملىق سۇ چېقىدىغان،
ئىچى زۇمرەت قومۇلاقتۇر.
خىسلىتى زور، ئىسىل مېۋە،
تېپىڭ ئۆزى دومىلاقتۇر؟

61

بۇدۇر-چوقۇر تېشى قۇرۇق،
خام قايماقتەك ئىچى ئۇزۇق.
تەڭ ئىككىگە بولگىنى،
قوسىقىدا باردۇر يورۇق.

خام چېغىدا يېشىل تونلۇق،
يېتىلمەستىن يېمىگەيسىز.
يەپ قويسىڭىز كىرمەي گەپكە،
«ۋاي جان قوساق» دېمىگەيسىز.

زەھەرلىكتۇر يېشىل تونى،
ساۋاقداشىم تېپىڭ بۇنى؟

62

پەنجىرىلىك ياپراقلىرى،
ساڭگۇل-سۇڭگۇل ساپاقلىرى.
پىشقىنىدا تەمدە خىجىل،
قەندىلچىنىڭ ناۋاتلىرى.



يەتمىش خىلدىن ئاشار نامى،
ماكانىدۇر گۈزەل تۇرپان.
ۋەتەنگە شان كەلتۈرمەكتە،
تونار ئۇنى پۈتكۈل جاھان.

ھول يىگىنۇ-قۇرۇق يىگىن،
ۋىتامىنلىق تائام ساڭا.
كۆز ئالدىڭغا كەلگەن بولسا،
جاۋاۋىنى يازغىن ماڭا؟

63

بوغۇم-بوغۇم دەستىسى،
تال-تال تالا پەنجىسى.
ئۆسىمۈز بولماس ئۆيلەرنىڭ،
تازىلىقتا پەيزىسى.

ئۆزى سادىق خىزمەتكار،
ئىشلەر سېپى قالغىچە.
دائىم ياتار پەگادا،
قاچان ئىشقا سالغىچە.

بارچە ئۆيگە كىرەكتۇر،
تاپقان كىشى زىرەكتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

64

تۇتقىسى يار، تېگى كەر،
ئاغزى ئىككى، بويىنى بەر.
تازىلىققا ياردەمچى،
يوقتۇر ئاندا باشقا سىر.

ئېگىلىسەن ئۇنىڭغا،
ھەر كۈنلۈكى كوپ قېتىم.
ئائىلىدە جىق ئىشى،
تاپماس ئەسلا ھېچ تىنىم.

ساقلىغىڭمۇ چاغلىقتۇر،
ئۇنى يوقلاپ تۇرمىساڭ.
تاپمىغىڭمۇ تەس ئەمەس،
بىر ئاز ئوبدان ئويلىساڭ؟

65

تېشى قارا قورۇمدۇر،
تەگسەڭ يۇقار قارىسى.
ئاڭا مايىل، مۇھتاجدۇر،
ئادەمزات بالىسى.



سېنىڭ ئۈچۈن جانىپىدا،
تەييار خىزمەت ئۆتەشكە.
خامنى پىششىق قىلىشقا،
كىرەر ئوتقا، ئاتەشكە.

جان دوستىدۇر ئاپىڭىز،
رەھمەت دەيمەن تاپسىڭىز.

66

مەش - ئوچاقتا ماسلاشقان،
پۇت - قوللىرى ئالماشقان.
ئوتقا كىرەر مەردانە،
تۇتقۇچى بەك قاملاشقان.

كويمەس ئۇنىڭ قوللىرى،
تۇتسا كومۇر چوغىنى،
پولات تاۋلاش سېخىدا،
باردۇر ئۇنىڭ يوغىنى.

ھەممە ئويدىن تېپەڭلار،
ئىسمى نىمە ئېيتىڭلار؟

67

قۇچىقىدەك ئانىنىڭ،
قويىنى ئىللىق ماكاندۇر.
تۇغۇلۇپلا ياتىسەن،
پاكىز شۇنچە ئارامدۇر.

ئانىلارنىڭ باغرىغا،
رىشتى مەھكەم چېتىقلىق.
بوۋاق بارلا ئۆيىنىڭكى،
ئەڭ تۆرىگە تىزىقلىق.

قوڭغۇراقلىق، تۇمارلىق،
خۇددى كاككى تۇياقلىق.
غىلدىر - غىلدىر مېڭىشى،
قوزغار سەندە ئوماقلىق.

ئەتىۋارلىق بۇ نېمە؟
تاتلىق جاۋاپ بەرگىنە.

68

كەلسە ئەگەر خەۋەرچى،
قوپار دەرھال ئۇسۇلچى.
ۋاڭ - ۋۇڭ ھەمدە تاقىر - تاق،
نەغمە باشلار ئويۇنچى.



ئۈنچە مارجان، مەرۋايت،
قۇيۇلىدۇ غۇقۇراپ.
تىلسىماتتەك ياغار ھەم،
ئاپپاق قارلار پۇرقىراپ.

دوست، بۇ قانداق كارامەت،
تاپقىن بولسا ماھارەت.

69

كۆركەم، نازۇك بويى بار،
ھەر باھاردا تويى بار.
ئاڭا ھەر بىر ياشنىڭكى،
دوست بولۇشتەك ئويى بار.

چوڭ بولغاندا يېيىلىپ،
چىقار مېۋە، سايىسى.
شۇڭا ئۇنى ئاسراش،
بارچىمىزنىڭ غايىسى.

ھوسۇن قاتار ۋەتەنگە،
قورغان بولار گۈلشەنگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

70

لىپ - لىپ قىلار قۇيرۇغى،
قىلتىرىقتەك پاچىقى.
گۈلدۈرماما ياغىرسا،
تەييار ئۇنىڭ چاقچىقى:

— «ئاگاھ بول! دەر قۇشلارغا —
ئاسمان چۇشۇپ كەتمەكچى».
بولار ئۆزى قۇشلارنىڭ،
ھالىغىمۇ يەتمەكچى.

ئوگدا يېتىپ، كوككە ئۇ،
قارىتىدۇ تاپانىنى.
دەيدۇ: «تىرەپ قالىمەن،
غۇلاپ چۇشسە ئاسمانىنى».

ياخشى دىمەس كىشىلەر،
ئاشۇنداق پو ئاتقانىنى.
چىچەن دەيمەن ئويلىنىپ،
بۇ قۇشنى دەل تاپقانىنى؟



71

بەش بارماقنى كورگەندەك،
سەلتەنەتلىك تاجىسى.
ئۆز ئىسمىنى كۈيلەيدۇ،
بىر خىل ئېيتقان ناخشىسى.

بەزى - بەزى «كىھ» دەيدۇ،
خۇددى پاۋۇز بەرگەندەك.
ئۇچۇشلىرى گوياكى،
لەگلەك ئولىجا كەتكەندەك.

چىمەلتەكتەك تۇمشۇغى،
ئەتلەس ئوخشاش كوينىگى.
تويى تارتىشىپ باھاردا،
يوقاپ كېتەر كۆزلۈگى.

بارمۇ زىيان - پايدىسى،
بۇ قۇشلارنىڭ قايسىسى؟

72

ھاياتلىقنىڭ ئۆزۈغى،
ئەمما كوزگە كورۇنمەس.
ئىنسان، ھايۋان، ئوسۇملۇك،
ئۇنىڭسىز كۈن كەچۇرمەس.

يەپ - ئىچىشتە ھاجەتسىز،
قوشۇق بىلەن چوكىڭىز.
بۇرۇن بىلەن يىنىشىڭىز،
ھەزىم قىلار ئۆپكىڭىز.

ئايرۇپىلان، قۇشلارمۇ،
ئۇنىڭسىز ھېچ ئۇچالماس.
چوكقۇر خاكلار تەكتىدە،
ئىشلار غەلبە قۇچالماس.

ئەڭ قىزىقى ئۇيقۇدا،
ياتقاندىمۇ كېرەك ئۇ.
ھېكمىتى زور شۇنىچىلا،
دوستۇم تاپقىن نىمە بۇ؟

73

ئوزى يۇمشاق، تېنى يوق،
ئازگال يەردە جېنى يوق.
پەسنى تاپسا چاپىدۇ،
قانىتى يوق، پۇتى يوق.

كىرەلەيدۇ سوغدا ئۇ،
قەن - ناۋاتنىڭ شەكلىگە.
بۇلۇت بولۇپ ئىسسىقتا،
چىقار كوكنىڭ قەھرىگە.



يازدا ياغمۇر ۋە شەبنەم،
قىشتا ئاپپاق قار بولار.
ئۇنىڭ بىلەن يەر - زىمىنغا،
ھاياتلىققا كۈچ تولار.

زىرائەتنىڭ قېنىدۇر،
بارچە جاننىڭ جېنىدۇر.
خاسىيەتلىك، كېرەكلىك،
ئېيتىڭ دوست بۇ نىمدۇر؟

74

ئوزى دوگىلەك ئالتۇن شار،
يەر - جاھاندا نۇر چاچار.
تىرىكلىكنىڭ ئانىسى،
ھارارەتلىك مېھرى بار.

كائىناتتەك ئايلىنار،
ئاي - يۇلتۇزلار بېقىنار.
يەر - شارىمۇ كوكىسىنى،
تۇتۇپ ئاڭا ئىسسىنار.

www.uyghurkitap.com

ئاگا جىمى جانلىقتا،
ئىنتىزار بار، ھۆرمەت بار.
ئازاتلىقتا سىمۋول،
ئۇ يوق يەردە زۇلمەت بار.

پىكىر قىلىڭ ئوبدان دوست،
جاۋاپ بېرىڭ تېز، راۋرۇس!

## 75

دەسلەپتە سىز كۆرگەندە،
ئوغاق دەيسىز ئاسماندا.
ئون بەش كۈنلەر ئۆتكەندە،
ئوخشار دۈگىلەك ئاق نانغا.

ئايلىنىدۇ بۇ چاغدا،
كۆك ئاسماننىڭ شاھىغا.
چاچار كۈمۈچ شولىلار،
تاغۇ دېڭىز، ۋادىغا.

تەنتەنىلىك ئۆتىدۇ،
ئون بەش كۈنى نۇر چېچىپ.
بارغانسېرى كېمىيىپ،
چىقار كەچتە كېچىكىپ.



سولغاي ئوغاق شەكلىگە —
كىلىپ ئۆتەر پىنھانغا.
بۇ تۇراقسىز كۈمۈش شار،
قىزىقارلىق ئىنسانغا.

پەننى ساۋات بىلگەنگە،
سىرلىق ئەمەس بۇ ئىشلار.
قېنى بۇنى بىلسەڭلار،
كىچىك دوستلار ئېيتىڭلار.

## 76

سېنى دائىم كۆتەرەر،
ئەركىلىتەر، كۈلدۈرەر.
كىيىم بېرىپ، نان بېرىپ،
ئەزىز قىلار، ئۆستۈرەر.

ئەقىدەڭنى، ئەجرىڭنى،
شەربەت قىلار تەرىڭنى.
باي قىلارۇ، خار قىلماس،
بېغىشلىساڭ قەلبىڭنى.

ئون تۇت يەردە پەدىسى،
مەپتۇن قىلار نەغمىسى.
بۇلار ئاگا خوجايىن،
بولسا كىمىنىڭ ھەۋىسى.

79

ئوراقلىق بەش قۇلاقتا،
بەش پولات سىم غولاچتا.
سادا چىقار جاراڭلىق،
چالساڭ پولات تىرناقتا.

مەيدىسىدە خەرىگى،
دەستىسىدە پەدىسى.
چالغۇچىنىڭ قولىدا،
بولەكچىلا ئەۋجىسى.

ئاشۇ سازدا ئەجەمنىڭ،
داڭقى كەتتى جاھانغا.
ئۇمىدى مۇقام پەرۋاز قىپ،
كوكنى يېرىپ ھەريانغا.



ئاشۇ سازنىڭ خەرىگى،
بولۇپ قالسام بىر قېتىم.
يېتەر ئىدىم مەقسەتكە،
قانار ئىدى تىلىگىم.

پەخىرلىنىپ شۇ سازدىن،
غۇرۇرلىنىش خاس بىزگە.
تېپىلىڭ يازدىم ئاددىلا،
تەرىپىنى مەن سىزگە؟

80

ئون بەش كۈنلۈك ئاي ئوخشاش،
دۈپ - دۈگلەك قاستانلىق.
قاسقان ئىچى ئايلىنىپ،
شىلدىر - شىلدىر ھالقىلىق.

نىپىز تېرە قاپلانغان،
بىر بوغۇملۇق ئات قويغان.
پەدىسى يوق، ئەمما ئۇ،
ساز ئىچىدە قوماندان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكار ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇ ساز ئاۋاز چىقارماي،
باشلانمايدۇ مۇزىكا.
مۇزىكىدا رېتىملىق،
يول باشلايدۇ دائىما.

پەدىسى يوق، تارى يوق،
نەقىش بىلەن كارى چوڭ.
ئۆزى ئاددى رولى يوق،
قانداق ساز بۇ نازى① يوق؟

81

قاتار تۇشۇك قۇسىغى،
بىر گەز كەلمەس ئۇزۇنى.
ئېتىز - يايلاق، سەھنىدە،
چالساڭ نەپىلىك، كوپ مۇڭى.

ئۇنى ئەجەپ ياراتقۇر،
ئاڭا ھەممە ئامراقتۇر.
ناخشا ئېيتار يەل بىلەن،
ھەسسىيات ئۇندا قايناقتۇر.

① قولغا ئالسىلا سازلاپ ئولتۇرماي چالغىلى بولىدۇ، دېگەن مەنىدە.



كورگەنمۇ سەن، شۇنداق ساز
بىلسەڭ ماڭا جاۋاپ بەر!

82

مولدۇر بۇلاق، جۇپ بۇلاق،
قارىغاتتەك دۇمىلاق.
گوھەردۇر جىنەگىنىڭ،
جىم تۇرمايدۇ، شوخ ئويناق.

ئادەم بىلەن جانلىققا،
يول كورسەتەر چىراق ئۇ.
ئۇسىز كېچە - كۈندۈزنىڭ،
پەرقى يوقلا قاراڭغۇ.

تېپىشقا تېز ئالدىراڭ،
ئۇنى دائىم ئاسراڭ.

83

ئىككى مۇلۇك ئىلكىگىدە،
ئوڭغا - سولغا جايلاشقان.
ماي تارتىشقان ئادەمدەك،
ئىككى ياققا قاراشقان.

ئەمما ئىناق ئىككىسى،
تۇتاش يىلتىز رىشتىسى.
تەڭ ئىشلەيدۇ ئىشلارنى،
كۆرۈنمەستىن بىر - بىرى.

ئۇلار ئۇچقۇر خەۋەرچى،
ئىشلەپ زادى ھارمايدۇ.
سىزگە خەۋەر بېرىشتە،
ئىلگىر - كېيىن قالمايدۇ.

قېنى ئويدان ئويلاڭچۇ؟
جاۋاۋىنى يوللاڭچۇ!

84

گوشلۈك قاپقا ئىچىدە،
ئۈنچە - مارجان قوزۇقلار.
ماگار پىنھان، زىندانغا،
ئۇ ئارقىلىق ئوزۇقلار.

ئۇ بولمىسا ئىشىڭ تەس،
مەيدەڭ بولار ئىگىز - پەس.
تاپقان بولساڭ ساۋاقداش،
جاۋاپ بەرگىن تۇرۇپ دەس.



85

ئالتۇن ساراي، ھول ساراي،
ئىچى ھەيۋەت گۈل ساراي.
سايراپ تۇرار ھەم ئويناپ،
ئۇندا قىزىل شوخ «تورغاي».

سوز، مەقسەتنى ئۇقتۇرۇش،
ئۇ، تورغاينىڭ خىسلىتى.
پۇلغا سېتىپ ئالغۇسىز،
چەكسىز ئۇنىڭ ھېكمىتى.

سەندىمۇ بار بۇ تورغاي،
ئېيتقىن نىمە مەن سوراي؟

86

«ئالتۇن ساراي» ئۈستىدە،
قوش تۈگلۈك بار ھاۋالىق.
ئېتىلسە ھەر تۈگلۈك —
ھەر ئىنسانغا جاپالىق.

www.uyghurkitap.com

خۇددى پوستەك ئۇ تۈگلۈك،
توپا-چاڭغا يول بەرمەس.
ئۇسسىز يوتقان — كورپىلەر،
تازا بولماس، ئۆلگۈرمەس.

ئاسراسەن، قەدىرلە،
خاسىيەتلىك تۈگلۈكنى.
نېمە دېسەڭ بولار شۇ —
يۈزۈڭدىكى دۈگلۈكنى؟

87

قۇيرۇقىدا سۇ ئىچەر،
تۇمشۇقىدا ئوت يانار.
كۈن ئولتۇرۇش بىلەن ئۇ،
كاتتا ئابرويى قازىنار.

نۇرى ھەر يان چېچىلار،
بارچە ئۆيدىن تېپىلار.
ياز كۈنلىرى ئۇنىڭغا،
پەرۋانىلار ئېسىلار.

تىلى ئوتلۇق جانىۋار،
ئۆيلا قانداق نامى بار؟



88

يېڭى زامان چېرىغى،
يېپتەك ئىنچىك پىلىگى.
يوقكەن ھەتتا ئۇنىڭغا،
كىرسىنىڭمۇ كېرىگى.

يوقكەن ھەمدە تۈتۈنى،
يورۇقلۇقتا چولپانكەن.
كىتاپ كورسەڭ ئولتۇرۇپ،
راھەت ئىكەن، ئوبدانكەن.

قانداق چىراق، ئۇ پارلاق،
دوستۇم ئوبدان ئويلاپ باق؟

89

سىرتى قەلەي، ئىچى گويا،
غۇڭغۇلدىغان لەگلەكتۇر.
ھەممە ئۆيگە كېرەك ئۇ،
ماگىزىندا نەلۋەكتۇر.

هاۋاسى يوق، ئوتى يوق،
قوش قەۋەتلىك ئەينەكتۇر.
قايناقسۇنى سوۋۇتماي،
ساقلايدىغان چەينەكتۇر.

نىمىدۇر ئۇ تېپىڭلار،
قانداق سىر بار يېشىڭلار؟

90

ئولتۇرىدۇ ئۇستەلدە،
قۇرۇپ ئەپچىل بەدەشقان.
پاكىز شۇنچە خالىس ھەم،
قىلىقلىرى قاملاشقان.

قاراپ تۇرار قارىساڭ،
ماراپ قويار قارىمىساڭ.
جىلمىيىدۇ جىلمايساڭ،
قىڭغىيىدۇ قىڭغايساڭ.

قارا قونسا يۈزۈڭگە،
جاۋاپ بەرمەس سوزۈڭگە.
گەپ قىلساڭ تەڭ گەپ قىلار،
جاۋاپ بەرمەس سوزۈڭگە.



ئەمەس ئۆزى سېھىرلىق،
تاپساڭ دەيمەن ئەقىللىق.

91

ئەپچىل ساندۇق ھەيۋەتلىك،
ئىچى ئىسىل ھېكمەتلىك.
ئۇيدە تۇرۇپ كىنونى،
كورسىتىدۇ بىر ئەپلىك.

ناخشا ئېيتقان ئەرتىسنىڭ،
كورەلەيسەن تۇرقىنى.
بوۋاي - موماي يول ماڭماي،
سۆرەر ھايات زوقىنى.

ئوقۇتقۇچى ئوتىسە دەرس،
ئاڭلالايسەن بىمالال.
قانداق ساندۇق ئېيتقىنا،
بولۇپ قالاي مەن خوشال.

92

يېزىۋالار قەلەمسىز،
ناخشا ئېيتساڭ، ساز چالساڭ.
قاچان - قاچان بولمىسۇن،
ئېيتىپ بېرەر خالىساڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇرۇلۇشى تۇت بۇرجەك،
گوياكى بىر سەھنىدەك.
ئىچىدىكى لىپىتا تىلىدۇر،
يوگىلىدۇ تەخسىدەك.

كورگەنمۇسىز، بىلەمسىز؟
ئاڭا ناخشا بېرەمسىز؟

93

جىسمى بارۇ، جېنى يوق،
ئاغزى بارۇ، تىلى يوق.
ئەتىۋارلىق بەكمۇ ئۇ،
يۇرمەيدىغان يېرى يوق.

ئېتىز، خامان، باغلاردا،
يايلاق، ئورمان، تاغلاردا.
ناخشا ئېيتار، ساز چالار،
ھەتتا چوڭقۇر خاڭلاردا.

سوزلەپ بېرەر ھەممىنى،
ئىش-چىلىشنى، غەلبىنى.



94

قول ئاياقسىز جانىۋار،
بىر تۇتامدۇر قۇسقى.
تۇۋەن ياقتا ئاغزى بار،
يۇقۇرىدا قۇلىقى.

كۇنلۇك، ئايلىق يەرلەردىن،
تۇققان، دوستىنى چىللاشتا.
ئۇزى بەكمۇ لازىمدۇر،
سالاملارنى يوللاشتا.

ئىدارە-يۇ، مەكتەپلەر،
خالى ئەمەس ئۇنىڭدىن.
پۇتتۇرسەن جىق ئىشنى،
قوپماي تۇرۇپ ئورنىڭدىن.

95

چىقسا يولغا دادىسى،
قالماس ھەرگىز بالىسى.
بەيگە چاپقان تايچاقتەك،
ئالدىن كېتەر نەۋرىسى.

ئاتا باسقان بىر مەنزىل،
ئاتىمىش مەنزىل بالىغا.
ئۇ بالىمۇ بالىسىز،
سىلجالمايدۇ ئالدىغا.

ئاتا - بالا ئۈچىنىڭ،
بىر ئورۇندا پەللىسى.
رىتىملىقتۇر نەۋرىنىڭ،
چىك - چىك قىلغان نەغمىسى.

نىمە دوستۇم ئويلاپ تاپ،
ئۇلار بىلەن سەنمۇ چاپ.

96

سۇ يۈزىدە كورسىڭىز،
ئىمارەتتۇر قەۋەتلىك.
پەيسەنت قىلماس ئۇرسىمۇ،
بوران، دولقۇن شىددەتلىك.

كوچۇپ بارار شەھەردەك،
قىتئەلەردىن - قىتئەگە.
بەك كوڭۈللۈك ئۈنىڭدا،
ئاتلانسىڭىز سەپەرگە.



ئىچىدە تەل ھەممىسى،
يېمەك، ئويۇن بەزمىسى.
دەپسىز يېشىل دېڭىزنىڭ،
تىياتىرى، سەھنىسى.

ھەۋەسىڭىز كېلىدۇ،
رولچىسىغا رولىغا.
سۇ يۈزىدە چىرايلىق،
چاقناپ تۇرغان يولىغا.

ئۈنىدا سالقىن، ساپ ھاۋا،
ھوزۇرلىنىپ يايرايسىز.
تېپىپ بېقىڭ ئىسمىنى،
چوڭ بولغاندا ھايدارسىز.

97

كۆمۈش تۇتۇن يايلىق،
ئۇزۇن تەنلىك جانىۋار.
نېفىت، كومۇر ئوزۇقى،
تۈپ - تۈز يولدا يورغىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەپەردە چارچىماس،
نەرە تارتسا سوتكىلاپ.
ئۆچەي - باغرى سارايدەك،
تاپقىن دوستۇم سەن ئويلاپ.

98

ئىككى چاقلىق تۇلپاردۇر،
دەۋتىمىسەك يۈگۈرمەس.
چاپقىنىدا ئارقادا،
ئىزلا قالار ئۈزۈلمەس.

يول يۈرگەندە ئارامدۇر،
تاپساڭ ئاكاڭ خوشالدۇر.

99

بىر مۆجىزات كۆردۈمكى،
ئالتۇن شەلىك تونى بار.
يۈرىگىدە ئوت كۆيسە،
قورسىقىدا سۇ قاينار.



گەجگىسىدە ئاغزى بار،
كىندىگىدە جوغىسى.
ھوشۇغىدا بۇرنى بار،
ئىككى يانىدا قۇلىقى.

تىزىپ قويساڭ ئۈستەلگە،
ئويۇڭگىمۇ يارىشار.
بۇنى تاپقان دوستلارنىڭ،
زېھنى ئۆتكۈر - ئەقلى بار.

100

ئۆزى كىچىك كېلىشكەن،
چىشى ئۆتكۈر كىرىشكەن.
ئەسۋاپ ئىكەن كېرەكلىك،
ئىشى رەختلا كېسىشكەن.

ئويىنىسۇن ئۇكىڭىز،
تېپىڭ بۇنى ئۇقسىڭىز؟

101

ئاق كىرىستال چاپىنى،
نېپىز پاكىچۇ كۆينىگى.
لەگپۆك قوساق دومىلاق،
سىپىردىق ياغدەك يۈرىگى.

بىر پاخلانچە قۇۋۋىتى،
تىكتاك توپتەك سۈرىتى.

102

ئەتىگەندە تۆت پۇتلۇق،
پادىشادەك كىيىمى بار.
چۈشتە بولسا ئىككى پۇت،
ھەر نە ئىشقا ئېپى بار.

كەچتە بولسا ئۈچ پۇتلۇق،
ئۇستا كېلەر پەرمانىغا.
ئويلاپ باققىن بۇ ئىشلار،
باپ كېلەمدۇ ئىنسانىغا؟



103

قول - پۇتىنىڭ سانى بولماس،
كۆزدە كۆرۈپ تۇتۇپ بولماس.
نەرە تارتىپ چىقىپ كەلسە،
گوياكى ئۇ، كۈچلۈك يولۋاس.

بەزىدە ئۇ مۇلايىمدۇر،
سۆيۈپ ئۆتەر يۈزلىرىڭنى.
ۋە بەزىدە توپا - چاڭغا،
كۆمۈپ تاشلار كۆزلىرىڭنى.

تەبىئەتنىڭ سۈپۈرگىسى،
قۇم - دۆڭلەرنى كۆچۈرگۈچى.
دولقۇن قوزغاپ دېڭىزلاردا،
قېيىقلارنى كۆمتۈرگۈچى.

ئاڭا ئورمان قورغان بولار،
قورغان بولسا ئوبدان بولار.
بۇنى تاپقان، بۇنى توسقان،
ئەقىللىق قىز — ئوغلان بولار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### 104

گايى ئاپپاق، گاھى قارا،
گاھى تۇتاش، گاھى ئالا.
گاھى ئېگىز، گاھىدا پەس،
ئۇچۇپ يۈرەر ساما ئارا.

ئۇچقان بىلەن قانىتى يوق،
بەزى ھۆل ئۇ، بەزى قۇرۇق.
بىغەم، قورقماس تىلسىماتكى،
زەربە يەتمەس تەگسىمۇ ئوق.

قىشتا ئاپپاق ئۇن تاسقىسا،
سۇ سېپىدۇ گۈزەل يازدا.
ئۇنىڭ بىلەن يايراپ كېتەر،
ياشناپ كېتەر يېشىل مايسا.

يۇمشاق تېنى، بەستى باردۇر،
تاپقان دوستىنىڭ پەمى باردۇر.

### 105

چاشقىنىدەك پەرى چاشقا،
كۆكتىن چۈشەر سىماپ تامچا.
بەزى سىم-سىم، بەزى شار-شۇر،
ئاچچىقلانسا ئىپەك قامچا.

كۆكرەك كېرىپ ئەندىكمەستىن،
باغ-چىمەنلەر يۇيۇنىدۇ.
ئابى ھايات بىر چەشمىكى،
جانلىق جاھان تويۇنىدۇ.

ھاياتلىققا قاندۇر گويا،
قاقاسلىققا بەكمۇ دورا.
بىلمەك بولساڭ بۇلۇتلۇق كۈن،
پەس ئۇچۇشقان قۇشتىن سورا.

### 106

كېلەر، كەلسە گۈلباھار،
ئۆي ئىچىگە ئۆي سالار.
قورۇنمايدۇ ئادەمدىن،
ئىناق دوست بوپ ئارىلىشار.

ئالا - بۇلماش قوسىغى،
يېقىملىقتۇر قوشىغى.
رەقىبىدۇر يىلاننىڭ،
ئۆزى قۇشنىڭ ئومىغى.

ياڭاق ئاستى بېغىررەڭ،
قايسى قۇش بۇ ماڭا دەڭ؟

107

قۇشنىڭ مومىن يۇگىچى،
پىششايىۋاندا ئۆۋىسى.
كوكۇش، قارا هەم ئالا،
كىسىۋالغان جۇۋىسى.

ئوخشاشلا توت پەسىلدە،
چىقماس يىراق سەپەرگە.
دەرس تەكرار قىلغاندەك،
بوغولدايدۇ سەھەردە.

سىمۋول ئۇ تىنچلىققا،
ئالدىرىغىن تېپىشقا.



108

دەريا - دېڭىز كەچسىمۇ،
قاپتىلىغا كەلمەيدۇ.
يازغۇ مەيلى قىشتىمۇ،
سۇنى سوغاق سەزمەيدۇ.

ياخشى ماكان سۇ ئاڭا،
ئۈزۈپ ئويىنار قېيىقتەك.
قۇرۇقلۇقتا ئىنغاڭلاپ،
ئاران ماڭار ئېيىقتەك.

توخۇمى بار، پېيى بار،
تاپقىن قانداق ئىسمى بار؟

109

تاجىسى بار بېشىدا،
چىشى يوقتۇر ئاغزىدا.
دان ئىزلەيدۇ پۇتىدا،
تاپسا بېرەر دوستىغا.

www.uyghurkitap.com

قاراۋۇلدۇر كۆيۈمچان،
تەشكىلاتچان، ئەمگەكچان.
چۈشتە، تۈندە، سۈبھىدە،
سىگنالچى ئۇ ھەر قاچان.

سائىتى يوق يېنىدا،
قانداق جان ئۇ ئېيتقىنا؟

## 110

ئۆينىڭ ئاددى چارۋىسى،
ئەمما كۆپتۇر پايدىسى.
مىۋە بېرەر ھەر كۈنى،
باقماق ھەركىم ئارزۇسى.

خاسىيەتلىك مىۋىسى،
قاتتىق، سىلىق تېرىسى.
ئۆزى سادىق جانىۋار،
يوقتۇر ئارتۇق ھىلىسى.

ئانىلىقى ئاتەشتۇر،
ھىمارىتى كاتەكتۇر.



## 111

تۇت كوزى بار دوگىلەك،
چوڭ ـ كىچىك ۋە رەڭگا ـ رەڭ.
يوق ئەمەستۇر سېنىڭدە،
ئالدىڭدا بار ئىزلىسەڭ.

ئۇ بولىسا پەشلىرىڭ،
ئىشىك گويا ھاڭغىرقاي.
ئۇ كىيىمنىڭ قۇلۇپى،
ئېيتقىن نىمە مەن سوراي؟

## 112

ئانا ـ بالا رىشتىلىق،
ھۈنەرى بار تىلىملىق.
ئانا خىزمەت ئىشلىسە،
بالا موكەر ئېپدىتلىق.

كەلمىگىچە بالىسى،
قاپاق ئاچماس ئانىسى.
بىلسەڭ ئىشىك، ساندۇقنىڭ،
ساداقەتلىك ساقچىسى.

هوقۇقىمۇ بەك كاتتا،
پەملىك بۇنسى كىم تاپسا.

113

باشتا شالاڭ ساقىلى،
زىچ بۇرۇتلۇق تاپىنى.
ياقا، پەشسىز، تۈگمىسىز،
كىيگەن قات-قات چاپىنى.

يەشكەن چاغدا چاپاننى،
تارقىتار ئاچچىق پۇراق.
قېشىدىكى كىشىنىڭ،
كوزى توكەر ياش مونچاق.

تەم كىر گۈزەر تائامغا،
مۇكاپات بار تاپقانغا.



114

ئوزى ئورۇق بويى تەڭ،
ئىككى دوست بار ئايرىلماس.
غەزالانساڭ سىڭگەندىن،
ياردىمىنى ئايىماس.

ئەقىللىقلەر ئولارنى،
كىچىگىدىن دوست تۇتار.
بەزىبىرلەر دوست قىلماي،
تامغىغا قول تىقار.

قانداق دوست ئۇ بىلەمسەن؟
ئونى ياخشى كورەمسەن؟

115

ئىززەتلىك ھەم ھورمەتلىك،
كۈندۈزلەرى تورەگەندە.
خىزمەت قىلۇر كېچەسى،
بار سىڭگەمۇ ئويۇگەندە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پاسىۋانىڭ ئۇخلىسا،
سەنمۇ ئۇنى قوغدىساڭ.
خوشال بولۇپ قالىمەن،
جاۋاۋىنى يوللىساڭ.

116

بار سېنىڭدە قوش ئۇستەڭ،
چوڭ كولىدىن ئەگىپ ئۆتسەڭ.
ھېچ ۋەقە يوق سۇ كەلسە،
توساشقىلا ئۇلگۇرسەڭ.

بەزىلەرنىڭ ئۇستىگى،
يار كەتسىمۇ كارى يوق.
سادا بىرەر «شىرت - شىرت» قىپ،
پاكىز دىگەن نامى يوق.

قانداق ئۇستەڭ، قوش ئۇستەڭ؟
جاۋاپ بەرگىن خوپ كۆرسەڭ.



# ئەجەل دورىسى

117

(تېپىشماقلىق ئېيتىشىش، ئىككى كىشىلىك لەپەر)

ئا

سىدىق دوستۇم تىڭشىغىن،
بىرگېپىم بار ئويلىغىن.
ئۆزى سىرلىق تېپىشماق،
جاۋاپ بەرمەي قويمىغىن.

ب

ئېيتقىن قېنى ئاڭلاي مەن،
ئاسان بولسا تاپاي مەن.
تۈزگەن بولساڭ ياخشىلاپ،
دوستلىرىمغا داڭلايمەن.

ئا

كېپەنلىرى قەغەزدىن،
جان كىرىدۇ ئوت بىلەن.
قاناتلىرى تۇتۇندىن،
ماڭماس ھەرگىز پۇت بىلەن.

كىرىپ - چىقار ئىنساننىڭ،
ئىچىگە ئۇ ھېلىگەر.
چىن سادىق دوست ھېساپلار،
بايقىماستىن بەزىلەر.

ب

تاپتىم - تاپتىم ئۇ بەلكىم،
سىرتى قەغەز كەمپىتتۇر (؟)
ئۈنى سەتلەپ، كورسىتىش،
تېپىشماقتىنمۇ سەتتۇر.



ئا

سەتلىمىدىم سىندىقىجان،
چەتلەپ كەتتىڭ ئالدىرىما.
ئوبدان ئىراق ئويلاشقىن،
ئانچە ئاسان چاغلىما.

ئەتىۋارلاپ بەزى ياش،
سېتىۋالار پۇلىغا.
كوزە كوزەڭ قىلىشىپ،
قىسىۋالار قولىغا.

ب

تاپتىم - تاپتىم تېپىپچان،
سېتىۋالسا قەلەمدۇر.
تۇتۇۋېلىپ چىرايلىق،
خەتلەر يازسا بەلەندۇر.

ئا

قەلەم دەيسەن، بەزىلەر،
ناشتىسىغا يەيدىكەن.
قورۇم باغلاپ ئوپكىسى،
„ئوھو - ئوھو“ دەيدىكەن.

سەل يىراقتا ماڭالماي،
ھېرىپ قالدىم دەيدىكەن.
ئاللىبۇرۇن موكچىيىپ،
قېرىپ قالدىم دەيدىكەن.

ب

مۇنداق دىگەن ۋاي ئىسىم،
ئەندى تاپتىم ئىپلاسىنى.
راسا باپلاپ تۈزۈپسەن،
قويۇپ بارلىق ئىخلاسىنى.

موخوركىكەن زەھەرلىك،
چېكىش بەكمۇ خەتەرلىك.
ئەخمەق ئۇنى دوست تۇتقان،
ھاياتىدۇر ئەجەللىك.



دىمەك گەپنىڭ توغرىسى،
ئومرىنىڭ ئوغرىسى.
پاش قىلدۇق بىز،
موخوركا —
چەكمە ئەجەل دورىسى.

جاۋاپلىرىڭ جايىدا

118

(تەپىشماقلىق ئېيتىشىش)

ئا

ساۋاقدىشىم سەلىمە،
قىلايلى بىز ئېيتىشماق.
ئويلاپ جاۋاپ بەرگىنە،
ئېيتاي ساڭا تېپىشماق.

ب

ئوبدان دىدىڭ جەمىلە،
تېپىشماققا ئۇستا سەن.
تاپالمىسام كۈلمىگىن،
بۇنداق ئىشتا چولتىمەن.

ئا

نېمە يۇگۇرۇك يۇگۇرۇشتە،
موتىسىكىلىت، تايچاقمۇ؟
ياكى پويىز، پاراخوت،
ئايرۇپىلان، پىكاپمۇ؟

نېمە يۇگۇرۇك ئويلىغىن،
كوكتە ئۇچقان قۇشلارمۇ؟
ياكى شامال ياكى سۇ،
يا مىلتىقنىڭ ئوقىمۇ؟

ب

ئوز ئالدىدا يۇگۇرۇكتۇر،
سەن ئېيتقانىنىڭ ھەممىسى.
ئوچۇق كورگەن بولاتتۇق،
بولسا ئەگەر بەيگىسى.

تېزلىكتە ئەڭ ئۇچقۇرى،
تەپەككۇرى ئىنسانىنىڭ.
سېكۇنتلۇق يول ئالغا،
ئارىلىغى ئاسمانىنىڭ.



كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە،
يېتەر ئايغا، مارسقا.
شۇڭا زورۇر تەپەككۇر،
كەشپىياتقا، ئوقۇشقا.

ئا

نېمە تاتلىق، لەززەتلىك،
ئىچمەككە - يۇ، يېمەككە؟
نېمە قىزىق، يېقىملىق،
ئاڭلىماققا، دېمەككە.

تاتلىق دىسەك بولارمۇ،
ئالما، ئانار، ئەنجۇرنى؟
يېقىملىق دەپ ماختىساق،
بولارمۇ گۈل باھارنى؟

ب

ئېغىز ئۈچۈن قەن تاتلىق،
قۇلاق ئۈچۈن تان تاتلىق.

ۋىجدانسىزغا، قورقاققا،
مورىتىدە جان تاتلىق.

لەززەتلىكى مەن ئۈچۈن،
كىتاپلارنىڭ سۆزىدۇر،
يېقىملىقى — ئۇستازنىڭ،
نۇر چاقنىغان يۈزىدۇر.

ئا

نىمە ياخشى ئەسلىدە،
ئاتا - ئانا، تۇققانمۇ.
بۇرادەر، چىن دوستلار،
ھەر نەرسىدىن ئوبدانمۇ؟

ب

ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسى،
يامان ئەمەس ياخشىدۇر.
شۇنداقتىمۇ مېنىڭچە،
كوز قارىشىم باشقىدۇر.



ياخشىلارنىڭ ياخشىسى،
ۋەتىنىمىز — ئانىمىز.
ھەر بىر تېشى - گىياسى،
بىزنىڭ يۈرەك باغرىمىز.

ئە

بارىكاللا ساۋاقداش،
جاۋاپلىرىڭ جايىدا.
ئىلگىرىلەپسەن ئاجايىپ،
تىرىشچانلىق بايىدا.

(بىرلىكتە)

تىرىشايلى، ئوقۇيلى،
سىرلىق نەرسە قالمىسۇن.
غەلىبىمىز كۈيىنى،
پۈتۈن جاھان ئاڭلىسۇن.

## تېپىشماقلارغا جاۋاپ

1. مەكتەپ. 2. دەپتەر. 3. كىتاب. 4. قەلەم.
5. مۇئەللىم. 6. 3 تە ياخشى ئوقۇغۇچى. 7. ۋاقىت.
8. تىكتاك توپ. 9. گالىستۇك. 10. قېرىنداش سالغۇچ.
11. ئايروپىلان. 12. لەگلەك. 13. كەتمەن 14. تىراكتور.
15. ئورغاق. 16. كومبايىن. 17. قارغوجا. 18. قاقىر.
19. بۇلبۇل. 20. كاككۇك. 21. تورغاي. 22. بودۇنە.
23. سېغىزخان. 24. لاچىن. 25. بۈركۈت. 26. كوكۇنەك.
27. ھۇۋقۇش. 28. چىۋىن. 29. پاشا. 30. دۇ. 31. يىلان.
32. كىرپە. 33. پاقا. 34. چاشقان. 35. مۈشۈك.
36. ياچۇۋەك. 37. كېپىنەك. 38. پەرۋانە. 39. چۈمۈلە.
40. توشقان. 41. بورە. 42. تۈلكە. 43. تۆگە. 44. ئات.
45. قوي. 46. كالا. 47. خېچىر. 48. بۇغداي.
49. قوناق. 50. زىغىر. 51. پاختا. 52. سەۋزە.
53. كاپۇسكا. 54. پەمىدۇر. 55. ئاشچامغۇر. 56. ئالما.
57. نەشپۈت. 58. ئۈرۈك. 59. شاپتۇل. 60. ئانار.
61. ياڭاق. 62. ئۈزۈم. 63. سۈپۈرگە. 64. چۆگۈن.
65. قازان. 66. لاخشىگىر. 67. بوشۇك. 68. تۈگمەن.
69. ياش كوچەت. 70. سۈڭگۈچ. 71. ھۆپۈپ. 72. ھاۋا.
73. سۇ. 74. قۇياش. 75. ئاي. 76. يەر. 77. يەرنىڭ



سۇنئىي ھەمرىيى. 78. دۇتار. 79. تەمبۇر. 80. داپ
81. نەي. 82. كۆز. 83. قۇلاق. 84. چىش. 85. تىل.
86. بۇرۇن. 87. لامپا. 88. لامپۇچكا. 89. چايدان.
90. ئەينەك. 91. تېلېۋىزور. 92. ئۈنئالغۇ. 93. رادىيو.
94. تېلېفون. 95. سائەت. 96. پاراخوت. 97. پويىز.
98. ۋەلىسىپىت. 99. ساماۋار. 100. قايچا. 101. تۇخۇم.
102. ئىنساننىڭ بالىلىق، ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرلىرى.
103. شامال - بوران. 104. بۇلۇت. 105. يامغۇر.
106. قالغاچ. 107. كەپتەر. 108. ئۆردەك. 109. خوراز.
110. مېكىيان. 111. تۈگمە. 112. قۇلۇپ. 113. پىياز.
114. چوكا. 115. ئورۇن - كۆرپە. 116. بۇرۇن.
117. ئەجەل دورىسى. 118. جاۋاپلىرىنىڭ جايىدا.

www.uyghurkitap.com

**这 是 什 么？**

（维吾尔文）

托乎塔西・白克力著

责任编辑：亚 生
新疆青年出版社出版
（乌鲁木齐市建设路九号）
新疆新华书店发行
新疆乌苏县印刷厂印刷
787×1092毫米 1/32开本 3·125印张
1984年3月第1版 1984年3月第1次印刷
印数：1—6,700
统一书号：MR10124·89 定价：0·22元